# 151301 ـ ھەيزدار ھالەتتە كەبىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ھۆكمى

## سۇئال

ھەجگە بارغان ئىدىم. ئەرەپات كۈنىدىن كېيىن ئايلىق ئادەت كۆرۈپ قالدىم، خىجىللىقتىن ھېچ كىشىگە بىر نەرسە دېيەلمىدىم، باشقا ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا خوشلىشىش تاۋاپىنى قىلىش ئۈچۈن بەيتۇللاھقا كەلدۇق، مەن ھەيزدار ھالەتتە تاھارەتسىز ھەرەمگە كىردىم ۋە كۆپچىلىك بىلەن بىرگە تاۋاپ قىلدىم. بۇ قىلغىنىم توغرىمۇ؟ ھەججىم توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى: ئادەت كۆرۈپ قىلىشنىڭ ئىھرامغا ھېچ قانداق تەسىرى بولمايدۇ. شۇنداقلا كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن چەكلىمەيدۇ. ئەمما ئادەت كۆرۈپ قالغان ياكى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ھەيز-نىپاستىن پاك بولمىغۇچە كەبىنى تاۋاپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەج قىلغان يىلى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سىز ھەيزدىن پاك بولغانغا قەدەر كەبىنى تاۋاپ قىلماستىن ھاجىلار قىلىدىغان باشقا ئەمەللەرنى قىلىسىڭىز بولىدۇ، دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 305-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1211-ھەدىس].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايانقىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سەپىيە بىنتى ھۇيەي رەسۇلۇللاھ ھەج قىلغان يىلى ھەجدە ئەرەپاتتىن كېيىن ھەيز كۆرۈپ قالدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بىز ئۇنىڭغا ساقلايمىزمۇ؟ دېۋىدى، مەن: يا رەسۇلۇللاھ! ئۇ پەرز تاۋاپىنى قىلىپ بولغان دېسەم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا يولغا چىقايلى دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 4401-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1211-ھەدىس].

ئىككىنچى: پەرز تاۋاپىنى ئادا قىلىش ھەجنىڭ ئاساسلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتى قۇربان ھېيت كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە باشلىنىدۇ، ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقاندا خوشلىشىش تاۋاپى بىلەن بىرگە نىيەت قىلىپ قىلسىمۇ بولىدۇ.

ئايلىق ئادەت كۆرگەن ئايالنىڭ ھەيزدارلىق ھالەتتە پەرز تاۋاپىنى قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ئەمما يىراق جايدىن كەلگەن، ھەيزدىن پاكلانغىچە مەككىدە قېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان، شۇنىڭدەك مەككىدىن كەتسە ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن يەنە مەككىگە قايتىپ كېلەلمەيدىغان ئاياللار بولسا، ھەيزدار ھالەتتىمۇ ھەج پائالىيىتىنى تولۇقلايدۇ.

سىز ئەرەپاتتا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇربان ھېيت كېچىسىدە پەرز تاۋاپىنى ئادا قىلغان بولسىڭىز سىزنىڭ ھەججىڭىز توغرا

بولىدۇ. ھەيزدار ئايالالار خوشلىشىش تاۋاپىنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما سىز ئەرەپاتتىن قايتىپ، پەرز تاۋاپنى ئادا قىلىشتىن بۇرۇن ئادەت كۆرۈپ، ھەيزدارلىق ھالەتتە پەرز تاۋاپنى ئادا قىلغان بولسىڭىز ياكى پەرز تاۋاپنى كېچىكتۈرۈپ خوشلىشىش تاۋاپى بىلەن بىرلىكتە ھەيزدارلىق ھالەتتە قىلغان بولسىڭىز، سىزنىڭ قىلغان تاۋاپىڭىز توغرا بولمايدۇ. شۇنداقلا ئېھرامدىن تولۇق چىققان بولمايسىز، مەككىگە قايتىدىن كېلىپ، پەرز تاۋاپنى ئادا قىلمىغۇچە، يولدىشىڭىز بىلەن بىرگە بولىشىڭىزمۇ توغرا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى: ھەيزدار ئايالغا خوشلىشىش تاۋاپى قىلىش كېرەك ئەمەس. پەرز تاۋاپنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئادەت كۆرگەن ئايال خوشلىشىش تاۋاپى قىلماي مەككىدىن ئايرىلغان بولسا قىلغان ھەججى توغرا بولىدۇ. بۇ ئايالغا بىر نەرسە لازىم كەلمەيدۇ.

تۆتىنچى: ئەگەر بۇ ھۆكۈمنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئەر-ئايال ئارىسىدا جىنسى مۇناسىۋەت بولغان بولسا بۇنىڭغا بىر نەرسە بولمايدۇ. ئەمما بۇ ھۆكۈمنى بىلگەندىن كېيىن كېلەچەكتە ھەججىڭىزنى تولۇق ئادا قىلمىغۇچە يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك.

ھەممىنىڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.